يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك

## —— ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر تۇرسۇنجان ئەلىنى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىۋ يى

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىندا يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا خىزمىتىدە قانداق مۇھىم نۇقتىلار بار؟ قانداق قىلغاندا يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ؟ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر تۇرسۇنجان ئەلىنى زىيارەت قىلدى.

### «13 ـ بەش يىل»دىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى كىشىنى خۇشاللاندۇرىدۇ

تۇرسۇنجان ئەلى مۇنداق دېدى: «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، ئاشلىق ئۈنۈمبىرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى، «شىنجاڭ ئىچىدە تەڭپۇڭلىشىش، ئازراق ئېشىنچا بولۇش» فاكچىبىندا چىڭ تۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 15 مىليون توننا ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇلدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولدى. ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسلىق ئورنى سىجىل مۇستەھكەملىنىپ، كېۋەز كۆلىمى، بىرلىك مەھسۇلات، ئومۇمىي مەھسۇلات، تاۋار مىقدارى، يۆتكەپ چىقىرىلىش مىقدارى ئۇدا 26 يىل مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا مۇقىم تۇردى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كېۋەزچىلىكتە شىنجاڭغا قارايدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسى ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللەندى. «كۆك ـ تاق» مەھسۇلاتلىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى، 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۆش، تۇخۇم، سۈت مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 606 مىڭ توننا، 405 مىڭ توننا، 2 مىليون 40 مىڭ تونناغا يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكىدىن 12%، 24%، 31% ئاشتى. خاس زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئېشىپ، كەسىپ رىقابەت ئەۋزەللىكى يەنىمۇ گەۋدىلەندى. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈلدى، تېخنىكىلىق جابدۇقلارنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش، يىغىشنى ئۈنۈمبىرسال ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى 84.89%كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

تۇرسۇنجان ئەلى مۇنداق تونۇشتۇردى: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈش بىلەن بىللە، يېزىلارنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات، ئىسلاھات ئىشلىرىدىمۇ نۇرغۇن يارقىن نۇقتىلار بارلىققا كەلدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا 500 (دۆلەت دەرىجىلىكى 41)گە، تۈرلۈك يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تەشكىلاتى 13 مىڭ 500گە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسى 12 مىڭ 500گە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 176 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يەتتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانا 2 مىليون 426 مىڭ 600 ئائىلىنى قاپلىغان بولۇپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 84.95%كە يەتتى. يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرى، يۇندىنى تازىلاش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، مۇكەممەللەشتى، دۆلەت چۈشۈرگەن 35 مىليون 620 مىڭ مو يېزا كوللېكتىپ تېرىلغۇ يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە بېرىش خىزمىتى ۋەزىپىسى تاماملاندى، 1 مىليون 806 مىڭ 100 ئائىلىلىك دېھقان ئائىلىسى يېزا يېرىنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇق گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق باشلاندى، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرى پائال يېتىلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، پۈتۈن شىنجاڭدا ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرى 28 مىڭدىن ئاشتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدىكى گۇرۇھلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى كارخانىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتى پائال ئالغا سىلجىتىلدى، 14 نامرات دېھقانچىلىق مەيدانى قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئېلىكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكى 9425 يۈەندىن 2019 ـ يىلىدىكى 13 مىڭ 122 يۈەنگە كۆپەيگەن بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

### «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈش كېرەك

تۇرسۇنجان ئەلى مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ‹14 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يىرىك پىلان» دېيىلىدۇ)نى تۈزۈش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، «يىرىك پىلان»نى تۈزۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ئالغا سىلجىتتى. ھازىرغا قەدەر، ماتېرىيال توپلاش، مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىش ۋە باسقۇچ خاراكتېرلىك ئارگىنالنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتى تاماملانغان بولۇپ، «يىرىك پىلان» تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ.

تۇرسۇنجان ئەلى مۇنداق تونۇشتۇردى: «يىرىك پىلان»دا يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش ۋە يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاشتىن ئىبارەت ئىككى يادرولۇق ۋەزىپە ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاساسلىق دىققەت ئىلگىرىكى 1 ـ كەسپتىن يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «يىرىك پىلان»دا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇھىت ۋە تەرەققىيات شارائىتى چىڭ ئىگىلىنىپ، كەلگۈسى بەش يىللىق يېزا ئىگىلىكى، يېزىلاردىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر پىلانلىنىپ، يېڭى تەرەققىيات مۇھىتىغا بولغان ماسلىشىشچانلىق ئۆستۈرۈلىدۇ.

كېيىنكى قەدەمدە، «يىرىك پىلان»نى تۈزۈشتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەر نۇقتىلىق ياخشى ئىشلىنىدۇ: بىرىنچى، پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھۆججەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلىنىدۇ، ئەقىل ـ چارىلەر، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى نازارەت، ئىدارە ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توپلىنىدۇ، رەتلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار چىڭ كۆزلىنىپ، ئاساسىي تەتقىقات ياخشى ئىشلىنىپ، نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، «يىرىك پىلان»نى تۈزۈشنىڭ ئىلمىيلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، «يىرىك پىلان»لار ئارىسىدىكى تەرتىپلىك جىپسىلاشتۇرۇش ياخشى ئىشلىنىپ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى، مەركەزنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم يىرىك پىلان ۋە ھۆججەتلەرنىڭ روھى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تەرتىپلىك جىپسىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

### يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىدۇ

تۇرسۇنجان ئەلى مۇنداق دېدى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى. يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلار بويىچە جايلىشىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاشلىق كاپالەتلىك سەۋىيەسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، زامانىۋى باغۋەنچىلىك كەسپى سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق رايون چارۋىچىلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈپ، رايون خاراكتېرلىك خاس يېزا ئىگىلىكنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەددەت بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەسلىھەلىك كۆكتاتچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارنىڭ پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇش ۋە يېڭى پېتى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە مەددەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئېچىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەمگەك كۈچ جۇغلەشكەن كەسپلەر، يېزا ـ كەنت ئىستراھەت ساياھەتچىلىكى قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلاردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى كەسپلەرنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك كەسپىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشتىن سۈپەتنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. زامانىۋى يېزا ـ كەنت كەسىپ سىستېمىسىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدىن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشقا يۆتكەلدۈرۈپ، كەسىپ تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە يەنە كۈچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

تۇرسۇنجان ئەلى مۇنداق دېدى: ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. ئىختىساسلىقلارنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېزىلاردىكى كەسپىي ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى زورايتىپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلەپ، مەۋقەنى شۇ جايدا بىر تۈركۈم «يەرلىك مۇتەخەسسىس» «دېھقان تېخنىك»لارنى يېتىشتۈرۈشكە قارىتىش كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ئاتلىنىشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرىدىغان پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى تىرىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

مەدەنىيەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، «جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمى»نى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى ۋە تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر قېزىپ، مەدەنىيەت ۋە يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق شەكىلدە شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەش كېرەك.

ئېكولوگىيە ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ـ كەنتلەرنىڭ يېشىل تەرەققىياتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىشىشقا ماس كېلىدىغان گۈزەل يېزا ـ كەنتلەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ «مىڭ كەنتنى ئۈلگە قىلىپ تىكلەش، ئون مىڭ كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىدۇ. دېھقانلار ئاممىسىنى كەنت تازىلىق ھەرىكىتى ۋە كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «گۈزەل يۇرت ـ ماكان» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق سىستېمىسىنى تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېشىل يېزا ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ياخشى ئىدارە قىلىشتىكى بىر تۈركۈم تەجرىبە ـ ئۇسۇللارنى ئۆرنەك قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ـ كەنت تەشكىلاتلىرىنىڭ گۈللىنىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىك كادىرلىرىنىڭ يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈش، يېزا ئىگىلىك ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش، دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

مۇتەخەسسىس مۇنداق ئەسكەرتتى:

# تېز يوللانمىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قولنى ئەستايىدىل يۇيۇش كېرەك

مۇداپىئە كۆرسەتمىسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى ئاھالىلەرنى تېز يوللانما تاپشۇرۇۋالغاندا زۆرۈر مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتتى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى دېزىنفېكسىيەلەش ۋە كېسەل ۋاستىسى جانلىقلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ساغلاملىق بويىچە يەنىي ئومۇملاشتۇرۇش مۇتەخەسسىسى چېن مىن مۇنداق تونۇشتۇردى: تۈرلۈك تېز يوللانما يوشۇرۇقلىرىنى ئالغاندا، تاپشۇرۇۋالغۇچى ماسكىنى ياخشى تاقىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا پەلەي كىيىشى كېرەك؛ تەقسىملەپ يەتكۈزگۈچىگە تېز يوللانمىنى بەلگىلەنگەن جايغا قويۇشنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ، ئۇچراشماي يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئەگەر چوقۇم يۈزتۇرا ئېلىشقا توغرا كەلسە، پىكىر ئالماشتۇرغاندا ئاز دېگەندە بىر مېتىردىن كۆپرەك جەمئىيەت ئالاقىسى بىخەتەرلىك ئارىلىقى ساقلاش كېرەك. تېز يوللانما پوسۇلكىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆي سىرتىدا سىرتقى ئورالمىنى چۇۋۇش ياكى ئاۋۋال دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى (دېزىنفېكسىيە ھۆل قەغىزى) بىلەن سىرتقى ئورالمىنى ئومۇمىيۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىش كېرەك.

چېن مىن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ياكى سىرتقى ئورالمىنى چۇۋۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى ۋاقىتتا «يەتتە قەدەملىك قول يۇيۇش ئۇسۇلى» بويىچە ئىككى قولنى ئەستايىدىل يۇيۇش، قولنى سۇنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بىلەن يۇيۇش، قولنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى 30 ـ 20 سېكۇنت ئۆلچەملىك يۇيۇش كېرەك. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يۇقىرى خەتەرلىك رايونلاردىن كەلگەن پوچتا يوللانمىلىرى، پوسۇلكىلارنىڭ ئىچكى ئورالمىسنى تەركىبىدە ئىسپىرت، قوش زەنجىرلىك تۆتلەمچى ئاموني تۇزلىرى بار دېزىنفېكسىيەلەش ھۆل قەغىزى بىلەن سۈرتۈش ياكى 75%لىك ئىسپىرت پۈركۈپ دېزىنفېكسىيەلەش، ئىككى قولنىڭ بۇلغىنىش ئېھتىمالى بولغاندا، قولنى يەنە بىر قېتىم يۇيۇش ياكى يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز دېزىنفېكسىيە دورىسى بىلەن ئىككى قولنى دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك؛ ئىچكى ئورالمىنى ئاچقاندىن كېيىن، پاكىز سۇ بىلەن نەرسىلەرنى پاكىز سۈرتۈش ياكى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك. پوسۇلكىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئىككى قولنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىپ، پوسۇلكا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، يۇيمىغان، دېزىنفېكسىيەلەنمىگەن قولنىڭ ئېغىز، بۇرۇن، كۆزگە تېگىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يۇقىرى خەتەرلىك رايونلاردىن كەلگەن تېز يوللانما پوسۇلكىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىش بىلەن بىللە، ئەگەر جىددىي ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى بولمىسا، ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، نەچچە كۈندىن كېيىن ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

چېن مىن مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: نۆۋەتتىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە قارىتا، ئاھما «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭ تارتىپ، توردىن مال سېتىۋېلىشتا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يۇقىرى خەتەرلىك رايونلاردىن مەھسۇلات سېتىۋېلىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ياخشى قوغدىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدۇ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى ئارقىلىق توشۇغاندا ھەر تۈركۈمدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى كۈنگە يېقىن ۋاقىت ئاز كېتىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كورلىدىن گولمۇدقا بارىدىغان تۇنجى بېنزىن، دىزېل مەخسۇس پويىزى يولغا چىقتى، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك كالىيلىق ئوغۇت مەخسۇس پويىزى شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلىنىپ، شىنجاڭ، چىڭخەي ئىككى جاينىڭ مال ئوبوروتىغا قانات بولدى. قەشقەر يۈك توشۇش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ۋاڭ لىجى مۇنداق دېدى: ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۈرلۈك ماللار لەنجوۋنى ئايلىنىپ، لەنجوۋ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى ئارقىلىق چىڭخەيگە توشۇلاتتى، ھازىرقى يۈرۈش مۇساپىسىدىن 800 كىلومېتىرغا يېقىن كۆپ ئىدى. گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ماللىرىنى شىنجاڭدىن چىقىرىشنىڭ تېخىمۇ تېز، قولاي يولى بار بولدى. نۆۋەتتە، توشۇش باشلانغان بېنزىن، دىزېلدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، كوكس، نېفت كوكسى قاتارلىق ماللىرىنى چىڭخەيگە توشۇش ئېھتىياجىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۆلچەرلىنىشچە، يىللىق توشۇش مىقدارى 1 مىليون توننىدىن ئاشىدىكەن.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى دەل جايىدا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك توشۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، تۈرلۈك مال مەنبەلىرىنىڭ توشۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مال بولغان ھامان قاچىلاش، قاچىلىغان ھامان توشۇشقا، مال كەلگەن ھامان چۈشۈرۈش، چۈشۈرگەن ھامان يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ مال ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، جانلاندۇرۇپ، تېزلىتىپ، شىنجاڭ، چىڭخەي ئىككى جاينىڭ ماددىي ئەشيا ۋە سودا ئالاقىسىنى تېزلەتمەكتە.